# سەن مۇنداق قىلساڭلا كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ دەپ ئالقىنىنى يەرگە بىر ئۇرۇپ ئوڭ ئالقىنى ئارقىلىق سول قولىغا، سول ئالقىنى بىلەن ئوڭ قولىنى سىلىدى، يەنى قولىنىڭ دۈمبىسى ۋە يۈزىنى سىلىدى

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەممار ئىبنى ياسىر بايان قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتكەندە مەن جۇنۇب بولۇپ قالدىم، ئۇ جايدا سۇ تاپالماي، ئۇلاغ تويىدا دۇمبىلىغاندەك دۇمبىلاندىم، ئاندىن ناماز ئوقۇدۇم. رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەندە بۇنى سۆزلەپ بەرسەم رەسۇلۇللاھ: «سەن مۇنداق قىلساڭلا كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ دەپ ئالقىنىنى يەرگە بىر ئۇرۇپ ئوڭ ئالقىنى ئارقىلىق سول قولىغا، سول ئالقىنى بىلەن ئوڭ قولىنى سىلىدى، يەنى قولىنىڭ دۈمبىسى ۋە يۈزىنى سىلىدى.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر قېتىم سەپەر جەريانىدا ئەممار بىن ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەزى ئېھتىياجلار ئۈچۈن بىر يەرگە ئەۋەتتى، ئۇ كىشى كېچىدە جۇنابەت بولۇپ قالدى، يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ تاپالماي قالدى. جۇنابەت ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىشنىڭ ھۆكمىنى بىلمەيتتى، پەقەت كېچىك تاھارەت ئېلىشنىڭ ھۆكمىنى بىلەتتى. ئۇ كىشى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئويلاپ تاھارەتتە يۇيىدىغان ئەزالارنىڭ بەزىسىگە توپا سۈركىدى، پۈتۈن بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇشقا ئاساسەن بەدىنىنى توپىغا مىلىش دەپ سۇغا قىياس قىلىپ توپىدە ئېشەك ئېغىنىغاندەك ئېغىنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن نامازنى ئادا قىلدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ توغرا ياكى خاتا قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كىچىك تاھارەتتىن ۋە جۇنابەتكە ئوخشاش چوڭ تاھارەتتىن قانداق پاكىزلىنىشنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ: ئىككى قولىنى توپىغا بىر قېتىم ئۇرۇپ ئاندىن سول قولى بىلەن ئوڭ قولىنى، ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاشتۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3461

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee